شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 4 - ئاي
17
جۈمە
维吾尔文 4 月17日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25034 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن تېلېفونلاشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كەچتە رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارىدا يامراپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتەك مۇشكۈل ۋەزىپىگە دۇچ كەلدى. بىز بىر بىر ئايدا ئىككى قېتىم تېلېفونلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جەھەتتىكى ھەمكارلىق، ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىشنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن، جۇڭگو - رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدۇق. سىز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى ئۆزىڭىز ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلىپ، بىر قاتار كۈچلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى چىقاردىڭىز. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، سىزنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىڭىزدە، رۇسىيە تەرەپ يۇقۇمنىڭ يامرىشىنى چوقۇم تېزدىن تىزگىنلەپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز 23 تۈرلۈك چېگرا بويىدىكى كەنتلەرنىڭ توك تەقسىملەش تورى قۇرۇلۇشىنى تاماملايدۇ

17 چېگرا ناھىيە، 86 مەمۇرىي كەنت نەپكە ئېرىشىدۇ

«يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ئاساسىنى مۇستەھكەملەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېينىڭ** دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى گۇما ناھىيەسىنىڭ ناۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى كەڭز كەنتىدىكى چېگرا بويىدىكى كەنتلەرنىڭ يېزا ئېلېكتىر تورىنى ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى نەق مەيداندا 11 توك قۇرۇلۇشى خادىمى بۇ كەنتنىڭ 5.1 كىلومېتىرلىق توك تەقسىملەش تورى لىنىيەسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۆلىكىنى قۇراشتۇرغان. بۇ قۇرۇلۇش ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل قۇرىدىغان 23 تۈرلۈك چېگرا بويىدىكى كەنتلەرنىڭ توك تەقسىملەش تورى قۇرۇلۇشىنىڭ بىر قىسمى ئىكەن.

نۆۋەتتە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تەتۈر سانىقى باسقۇچىغا كىردى. دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىركىتى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ «ئۈچ رايون، ئىككى ئوبلاست»، چېگرا بويىدىكى كەنتلەرنىڭ توك تەقسىملەش تورى بويىچە 100 كۈنلۈك ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنى باشلىدى. دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى چېگرا بويىدىكى كەنتلەرنىڭ توك تەقسىملەش تورى قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، يۇقىرى بېسىملىق لىنىيەدىن 633.29 كىلومېتىرنى، تۆۋەن بېسىملىق لىنىيەدىن 229.91 كىلومېتىرنى قۇرۇش - ئۆزگەرتىشنى پىلانلىدى، قۇرۇلۇش ئومۇمىي سېلىنمىسى 679 مىليون يۈەن. قۇرۇلۇش ئاقسۇ ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق توققۇز ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە چېتىلىدىغان بولۇپ، 17 چېگرا ناھىيە، 86 مەمۇرىي كەنتتىكى 9000 ئائىلىلىكتىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىگە نەپ يەتكۈزىدۇ.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ تەستىقلىشى بىلەن

ئارمىيەنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ قايتتى

شى جىنپىڭنىڭ «قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىش — 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»نىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

3- بەتتە

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە — يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

«ئالقانچىلىك يەر» «كىرىمنى ئاشۇرۇش باغچىسى»غا ئايلاندى

خوتەندىكى 410 مىڭ ئائىلىلىك دېھقان ھويلا - ئارانى ئارقىلىق ھەربىر ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمىنى 1000 يۈەندەك يەتكۈزۈشكە تىرىشماقتا

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **پەرىزات ئابدۇل، سۇڭ ياۋېن** خەۋەر قىلدۇ: ئۆز ئۆيىنىڭ ھويلىسىدىكى كىچىك ئەگمە پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن يايپېشىل سۇلۇق لوبو مايسىسىغا قاراپ، خەيرىنسا ئەخمەتتوختىنىڭ قەلبى شادلىققا تولدى، «بولتۇر، كىچىك ئەگمە پارنىكتىلا كىرىمىمنى 1200 يۈەن ئاشۇردۇم، بۇنى ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم» دېدى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قاراقاش ناھىيەسى ئۆرچى يېزىسى بازار بويى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى خەيرىنسا.

خوتەن ۋىلايىتىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر بىر موغىمۇ يەتمەيدۇ، ئىلگىرى شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ ھويلا - ئاراندىن پايدىلىنىش نىسبىتى %30كە يەتمەيتتى. نامرات ئائىلىگە كىرىمنى ئاشۇرۇش يېڭى يولى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن، 2017 - يىلىدىن باشلاپ، خوتەن ۋىلايىتى ھويلا - ئارانىڭ ئىچى - سىرتى، ئۆينىڭ ئالدى - كەينى، تورالغۇ ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى «ئالقانچىلىك يەر»دىن پايدىلىنىپ، «كىچىك ئەگمە پارنىك، كىچىك چارۋا» قاتارلىق ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل، مۇقىم ئاشۇرۇشقا ياردەم بەردى.

«يەنە ئون كۈنلەردە سۇلۇق لوبو بازارغا سېلىنىدۇ، ئارقىدىنلا لازا تېرىيمەن، بىر يىلدا ئۈچ - تۆت قېتىم تېرىغىلى بولىدۇ، ئۆزۈم يەپ بولالمىغان كۆكتاتلارنى سېتىپ يەنە پۇل قىلالايمەن.» بۈگۈنكى كۈندىكى ئۆزگىرىشلەرنى خەيرىنسا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

1 - پەسىلدە بىڭتۇەن دەل جايىدا سودىگەر چاقىرىپ ئىمزالىغان كېلىشىمنىڭ سوممىسى 34 مىليارد يۈەندىن ئاشتى

پۈتۈن يىلدا سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىدىن 735نى يولغا قويۇش مۆلچەرلەندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ شياۋيەن** خەۋەر قىلدۇ: يېقىندا بىڭتۇەن 7 - شىسى ئىبقىنتال شەھىرىنىڭ سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش بويىچە كېلىشىم ئىمزالاش مۇراسىمىدا، نەق مەيداندا كېلىشىم ئىمزالاشتىن باشقا، «بۇلۇت كېلىشىمى» كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى — ئىبقىنتال شەھىرى ۋۇۋۇ سانائەت باغچىسى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى سىن ئارقىلىق شىنجاڭ خېيۇەن چىنفېڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى بىلەن بىيولوگىيەلىك دېھقانچىلىق دورىسى كەسپلەر باغچە رايونى تۈرىگە جەمئىي 3 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى ئىمزالىدى.

بۇ يىل 1 - پەسىلدە، بىڭتۇەن سودىگەر چاقىرىش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ھەرقايسى شى، شەھەرلەر ئالاقە تورى، بۇلۇت سۇپىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، بىر قىسىم سودىگەر چاقىرىش پائالىيەتلىرىنى تور سىرتىدىن توردا ئۆتكۈزۈشكە يۆتكەپ، «بۇلۇت كېلىشىمى»، كېلىشىمنى پوچتىدىن ئەۋەتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلدى. ھەرقايسى شى، شەھەرلەر نۇقتىلىق كەسپلەر ھەمكارلىق تۈرىدىن 279نى كۆزنەك تور بېكىتى، سودىگەر چاقىرىش كۆزنىكى، سودىگەر چاقىرىش مەخسۇس ئىستونى قاتارلىق تونۇشتۇرۇش سۇپىلىرىدا ئېلان قىلىشنى ئورتاق پىلانلاپ ئوتتۇرىغا چىقاردى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

ھەرقايسى جايلار مائارىپ نۇقتىلىق تۈرلىرىدە ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ شيا**، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز **يې سۈي، ياڭ جىڭجى** خەۋەر قىلدۇ: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار كۈندىلىك مائارىپ ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى دائىملاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، مائارىپ نۇقتىلىق تۈرلىرىدە ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بەلگىلىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا مۇددەتكە بۆلۈپ، تۈركۈمگە بۆلۈپ ئالغا سىلجىتىپ، 2020 - يىللىق مائارىپ ساھەسىدىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇش سۈرئىتىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، غۇلجا شەھەرلىك 18 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كېڭەيتىپ قۇرۇش تۈر قۇرۇلۇشى ئورنىدا، ئىشچىلار بىرىنچى قەۋەتنىڭ ئاساسىي گەۋدە رامكىسىنى قۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتاتتى. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى توگشىپ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ نەق مەيدان تېخنىكا مەسئۇلى ئۇۋ جيەنيۇڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، شىركەت خادىملىرىنى سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش، سۈرئەتنى تېزلىتىشكە پائال تەشكىللىدى. نۆۋەتتە 30 نەچچە ئىشچى ئىش ئورنىغا كەلدى، كېيىنكى مەزگىلدە تېخىمۇ كۆپ ئىشچى قوبۇل قىلىپ،

(ئاخىرى 3- بەتتە)

گولمۇد - كورلا تۆمۈريولى قۇرۇلۇشى تېز ئالغا سىلجىتىلدى

كۆۋرۈك سېلىش ماشىنىسى لوتوچۆەن 3 - نومۇرلۇق كۆۋرۈكتە لىم ياتقۇزماقتا (4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تارتىلغان).

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، گولمۇد - كورلا تۆمۈريولى لوتوچۆەن 3 - نومۇرلۇق كۆۋرۈكنى قۇراشتۇرۇش ئوڭۇشلۇق تاماملاندى. ئالتۇنتاغدىكى چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىگە جايلاشقان لوتوچۆەن 3 - نومۇرلۇق كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 352 مېتىر بولۇپ، ئەڭ ئېگىز كۆۋرۈك گەۋدىسى 65.1 مېتىر كېلىدۇ. ☐ چېڭ جۈنيۇ فوتوسى

ئاپتونوم رايونىمىزدا شەخسلەر تاپاۋەت بېجىنى تۈنجى قېتىم يىللىق جەملەپ ھېسابلاش باشلاندى

«توردا بېجىرىش» «پوچتىدىن ئەۋەتىپ بېجىرىش» قاتارلىق «ئۇچراشماسلىق شەكلى»دىكى باج بېجىرىش باج تاپشۇرغۇچىلارغا قولايلىق ياراتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل ناسىرنىڭ** شىنجاڭ باج ئىشلىرى ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، 2019 - يىللىق شەخسلەر تاپاۋەت بېجىدە ئۇنىۋېرسال تاپاۋەتنى جەملەپ ھېسابلاش بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلىدىكەن، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ شەخسلەر تاپاۋەت بېجى تارىخىدىكى تۈنجى قېتىملىق ئۇنىۋېرسال تاپاۋەتنى جەملەپ ھېسابلاش ھېسابلىنىدىكەن. باج تاپشۇرغۇچىلار جەزمەن 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن بۇرۇن شەخسلەر تاپاۋەت بېجىنى جەملەپ ھېسابلاشنى ئىلتىماس قىلىپ بولۇشى، ئۇلارلا باج تولۇقلاپ تاپشۇرۇش ياكى باج قايتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىشنى تاماملىشى كېرەك ئىكەن.

ئاپتونوم رايوننىڭ باج ئىشلىرى تارمىقىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل كىشىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، يىللىق جەملەپ ھېسابلاش چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتقاندا، ئاھالىلەرنىڭ بىر باج تاپشۇرۇش يىلى ئىچىدە ئېرىشكەن مائاش كىرىمى، ئەمگەك مۇلازىمەت ھەققى، قەلەم ھەققى، ئالاھىدە ئىجازەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىش ھەققى قاتارلىق تۆت تۈرلۈك تاپاۋىتى (تۆۋەندە «ئۇنىۋېرسال تاپاۋەت» دېيىلىدۇ) قوشۇلغاندىن كېيىن، يىل بويىچە پۈتۈن يىللىق ئەڭ ئاخىرقى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك شەخسلەر تاپاۋەت بېجى ھېسابلىنىپ،

(ئاخىرى 4- بەتتە)

تور قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت «مۇھىم تۇتقا»نى چىڭ تۇتۇش

سۆز ھەممىگە

☐ شۇ چىڭگۇاڭ

4 - ئاينىڭ 15 - كۈندىكى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئومۇمىي سېلىنمىسى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان يېڭىدىن ئىش باشلىنىدىغان تۈر جەمئىي 4536، ئومۇمىي سېلىنمىسى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى جەمئىي 2188 ئىكەن. مۇشۇنداق كەڭ كۆلەملىك قۇرۇلۇش مەبلىغى، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى پۇرسەتنى تېزدىن تۇتۇش، خىرىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشتىكى قەتئىي ئىرادە، سۈرئەتنى تېزلىتىش، يېڭى كەيپىيات يارىتىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەت.

تورنى تۇتقانلىق — تەرەققىياتنى تۇتقانلىق، تورنى كۆزلىگەنلىك — كەلگۈسىنى كۆزلىگەنلىك. تور قۇرۇلۇشى «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئاچقۇچلۇق تۇتقا، كونا - يېڭى ئېنېرگىيەنى ئالماشتۇرۇش، تىپنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم موتورى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى. بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە

(ئاخىرى 4- بەتتە)

تەڭشەپ ئەلالاشتۇرۇش، تەڭشەپ يېشىللاشتۇرۇش سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش

— پەن - تېخنىكىنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئەتىيازلىق پەرۋىشكە كۈچ قوشقانلىقىغا نەزەر

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

باھار شامىلى شىمالغا كېلىپ ئالتاي ۋىلايىتىدىكى قار - مۇزلار ئېرىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ ياخشى مەزگىلى كۈتۈۋېلىندى. «چىڭمىڭ مەزگىلدە بۇغداي تېرىقچىلىقى بىلەن ئالدىراش بولۇپ، گۇيۇ مەۋسۇمدە چوڭ ئېتىزلاردا تېرىقچىلىق قىلىمىز. ھازىر تېمپېراتۇرا خېلى ئۆرلىدى، بىز يەر ئاغدۇرۇپ ئۇرۇق سالساق بولىدۇ.» 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى ئاردا يېزىسى ئاردا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ليۇ جيەنشى ئېتىزدا دېھقانچىلىق ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەندى. ئالتاي ۋىلايىتىدە ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ باشلىنىشى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئەتىيازلىق پەرۋىشنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلالاشتۇرۇش

ئاردا كەنتىدىكى شال تېرىقچىلىقى ئۆلگە كۆرسىتىش رايونىغا كىرگەندە، يايپېشىل مەنزىرە كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ. خېيلۇڭجياڭ خۇڭشىڭلۇڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش شىفېڭ شالچىلىق دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ مەسئۇلى ليۇ رۇڭبياۋ كۆز ئالدىدىكى شال مايسىلىرىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ: «قاراڭ، بۇ شاللارنىڭ ئۆسۈشى كىشىنى نېمىدېگەن خۇشال قىلىدۇ-ھە!» دېدى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

شىنجاڭ تۆمۈريولى ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەخسۇس پويىزىنى يولغا سېلىپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپكە قايتىشىغا ياردەم بەردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **شۇ تاۋ** خەۋەر قىلدۇ: 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سائەت 22 دىن 5 مىنۇت ئۆتكەندە، 670 نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى K6728/6725 قېتىملىق پويىزغا ئولتۇرۇپ قەشقەر ۋوگزالىدىن غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتى، يول بويى يەنە ئوقۇغۇچىلار ئارقا - ئارقىدىن بۇ قېتىملىق مەخسۇس پويىزغا ئولتۇرۇپ مەكتەپكە قايتىپ دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، بۇ جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىلى كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى ئۈچۈن يولغا سالغان ئوقۇغۇچىلار مەخسۇس پويىزى بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىخەتەر، ئوڭۇشلۇق ھالدا مەكتەپكە قايتىپ ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ.

(ئاخىرى 3- بەتتە)